# ئاللاھغا شەھەرلەر ئىچىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك جايلار ئۇنىڭ مەسچىتلىرىدۇر ۋە ئاللاھنىڭ شەھەرلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياقتۇرمايدىغان جايى ئۇنىڭ بازارلىرىدۇر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«ئاللاھغا شەھەرلەر ئىچىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك جايلار ئۇنىڭ مەسچىتلىرىدۇر،ۋە ئاللاھنىڭ شەھەرلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياقتۇرمايدىغان جايى ئۇنىڭ بازارلىرىدۇر»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئېسىل ۋە ياخشى كۆرىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ مەسچىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ، چۈنكى مەسچىتتە ناماز ئوقۇلىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىپ زىكىر-تەسبىھ ئېيتىلىدۇ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىدۇ، ئىلىم-مەرىپەت دەرسلىرى بولىدۇ، كىشىلەرگە دىنى بىلىملەردىن تەلىم بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئورۇنلارنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغانلىرى يۇرتنىڭ بازارلىرى بولۇپ، بازاردا قۇرۇق سۆز، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، كۆپ قەسەم قىلىش، باشقىلارنى ئالداش، يالغان سۆزلەش ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غاپىل قىلىش قاتارلىق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4933

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee